مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# سىز مېنىڭ گۆھىرىم

## مۇھىت ئاسراش ــــ تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

ئاپتورى: خېرسېپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەمخان نايىپ



# سىز مېنىڭ گۆھىرىم

مۇھىت ئاسراش ــ تەبىئەت ئانىغا كۆيۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هاي! كىچىك دوستلار، يەنە مەن، ئېيىق يىنىين. مەن بۈگۈن كۆپچىلىك بىلەن بۇ كىتاب توغرى-سىدا ئورتاقلىشىمەن... كىتابنىڭ مەزمۇنى سەرخىل بولۇپ، دۇنيادىكى نەسلى قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان جانلىقلار خاتىرىلەنگەن. دۇنيادىكى نۇرغۇن ياۋايى هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر خەۋپ ئاستىدا قالماقتا... ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىز ئاستىدىلا ئاندىن ئەركىن - ئازادە ياشىيالايدۇ.







www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئىسمىم يىنيىن، بۇ ئىسىم نەسلى قۇرۇپ كەتكەن كۈمۈش ئۆرۈك دەرىخىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ بىر خىل قەدىمىي دەرەخ بولۇپ، نەچچە يۈز مىليون يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان، بۇ خىل دەرەخ بىلەن ئوخشاش سىنىپتىكى باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. جۇڭگودا بۇ دەرەخ ئىلاھىي قەدىمىي دەرەخ دەپ قارىلىدۇ، نۇرغۇن جايلار بۇ خىل دەرەخنى ئۆستۈرۈپ مەنزىرە دەرى-خى قىلغان. ھالبۇكى، كىشىلەر كۈمۈش ئۆرۈك دەرىخىنى ئۆزلىرىنىڭ باغلىرىدا كۆپلەپ تىككەن بول-سىمۇ، دالىدا ئۆسكەن ياۋايىلىرى ئىنتايىن ئاز.



ناۋادا بىز بۇ خىل دالىدا ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەرنى قوغدىمىساق، ئورمانلىقتىكى بىر تۈركۈم ئۆسۈملۈكلەر نەسلى قۇرۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىسمەن ئۆسۈملۈكلەر ئازلاپ كەتتى ياكى يوقاپ كەتتى.

رەسىمدىكى بۇ يېشىل ئۆسۈملۈك شەمشاد دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇن ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى دەپ قارالغانىدى، نەچچە يىللار ئىلگىرى بىر قىسىم ئالىملار ئاۋستىرالىيەنىڭ ۋالمەي دۆلەت باغچىسىدىن بىرقانچە تۈپ شەمشاد دەرىخىنى بايقىغان. بەختكە يارىشا ھازىر مۇشۇ بىرنەچچە تۈپ شەمشاد دەرىخى كۆڭۈل قويۇلۇپ قوغدىلىۋاتىدۇ.



www.uyghurkitap.com


7



www.uyghurkitap.com

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئىنسانلار جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇشىغا سەۋەبچى...
كىچىك دوستلار، سىلەر پادۇپ دەرىخىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ قىزىل رەڭلىك، يۇمىلاق
مېۋە بېرىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىز ئۇنى مىلاد بايرىمىلىق زىننەت بۇيۇمى قىلىـ
مىز. ھالبۇكى نۇرغۇن كىشىلەر ئورمانلىقتىكى پادۇپ دەرىخىنى قالايمىقان كېسىۋەرـ
گەچكە، بۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.



www.uyghurkitap.com

ئۆسۈملۈكتىن باشقا ھايۋانلارمۇ نەسلى قۇرۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. سىز پاقىنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇنىڭ يوغان كۆزى، ئۇزۇن تىلى بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يوغان چاپلاشقاق پۇتى بولۇپ، سۇ ئۈزگەندە ۋە قورام تاشلارغا ياماشقاندا ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەمما قىسمەن پاقا تۈرىدىكىلەر خەۋپ ئاستىدا تۇرماقتا. مەسىلەن، رەسىمدىكى بۇ خىل چار پاقا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە بايقالغان، يەرلىكلەر ئۇنىڭ چىرايلىق رەڭگىگە قاراپ غەلىتە پاقا دەپ ئاتىغان. ئەپسۇس، ھازىر ئۇنىڭ سانى ئازلاپ كەتتى.







www.uyghurkitap.com

بۇ خىل پاقا ئاسانلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالايدۇ، ئەمما كىشىلەر دىققەت قىلمىغان نۇرغۇن ھايۋانلار يەنىلا خەۋپ ئىچىدە. يەر ئاستىدا ياشايدىغان غاجىلغۇچى ھايۋانلار نەسلى قۇرۇش گىردا-بىغا بېرىپ قالدى. رەسىمدىكى رۇسىيە قۇندۇزىمۇ مانا مۇشۇنداق خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە. نۆۋەتتە، بۇ خىل ھايۋاننى رۇسىيەدىكى كىچىك زەي ئورمانلىقتىن تاپقىلى بولىدۇ. ناۋادا كېيىن ئاشۇ يەر-دىمۇ تېپىلمىسا، ئۇنداقتا بىز ئۇنى قايتا كۆرەلمەيمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۈتكۈل يەر شارىدىكى يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا، نۇرغۇن كىچىك ھايۋانلار ماكانىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. رەسىمدىكى ھەرىكىتى ئاستا ھايۋان بولسا لىنىۋېتس بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئۈچ بارماقلىق لىنىۋېتس» دەپ ئاتايدۇ، نۆۋەتتە بۇ خىل ھايۋانمۇ ماكانىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇلار كۆپىنچە دەرەخكە ئېسىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا دەرەختىن چۈشۈپ مېۋە تېرىپ يەيدۇ ياكى دەرەخ ئالماشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىزگە قاراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ئۇلار خۇددى گاراڭ ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




كىچىك ھايۋانلاردىن باشقا چوڭ ھايۋانلارمۇ ئوخشاشلا خەۋپ ئىچىدە قالماقتا. مەسىلەن، تاغلىق يەرلەردە ياشايدىغان ئورانگۇتان. ئۇلار يامغۇرلۇق ئورمىنىدا ياشايدۇ، يۇمران ئۆسۈملۈك غول - يوپۇرمىقىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك قوللىرى بىلەن دەرەخ غوللىرىنى سۇندۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈچتۈڭگۈر ھايۋانمۇ خەۋپ ئىچىدە قالارمۇ؟ بۇ ئاڭلىماققا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىش. ئەمما پاكىت دەل مۇشۇنداق. ئافرىقا قىتئەسىدىكى قىسمەن ئۇۋچىلار مەخسۇس ئورانگۇتان ئوۋلاپ پايدىغا ئېرىشىدۇ ياكى كۆڭۈل ئاچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەتتا ئىنتايىن يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۆلتۈرەلمەيدۇ. بۇ قارا كەركىدانغا قاراڭ، ئۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ھايۋان. ئۇلار مۈڭگۈزى ئارقىلىق رەقىبىگە تاقابىل تۇرىدۇ، ھۇجۇم قىلغاندا ئىنتايىن ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئافرىقا قىتئە-ئەسىدىكى نۇرغۇن جايلار ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى كۆپ پۇلغا يارايدۇ دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر پۇل خەجلەپ ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى سېتىۋالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كەركىداننى ئۆلتۈرىدىغان ئوۋچىلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە... ئۇلار كەركىداننى تۇتۇۋالسىلا مۈڭگۈزىنى كېسىۋالىدۇ.





كىچىك دوستلار، سىلەر بۇ يولۋاس-
لارنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇلار سىبىرىيەنىڭ
سوغۇق ئورمانلىقىدا ياشايدۇ. ئۇلار
چاققان، سەزگۇر، تىرناق ۋە چىشلىرى
ئىنتايىن ئۆتكۇر بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ
چوڭ مۇشۇك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلار-
دۇر.



www.uyghurkitap.com

هالبۇكى، بىر خىل خۇراپىيلارچە كۆزقاراش بولۇپ، يولۋاسنىڭ كىيسەللىكلەرنى داۋالاشتا خىسلەتلىك ئۇنۇمى بار دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىسى ئىنتايىن چىرايلىق بولغاچقا، كۆپ پۇلغا يارايدۇ... مانا مۇشۇلار ئوۋچىلارنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشىدىكى سەۋەبى...




خەۋپكە ئۇچراۋاتقان شىر، يولۋاس قاتارلىق
مۇشۇك ئائىلىسىدىكى ھايۋانلاردىن باشقا ئىبې-
رىيە سۇلەيسۇنىمۇ بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى
ئوۋچىلارنىڭ قىلتىقى ۋە ماشىنا ھادىسىسىدە
ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى بۇ
خىل ھايۋانىنىڭ ياشاش ماكانىنى تارايتىۋەتتى.
ناۋادا سىز بولسىڭىز باشقىلار تەرىپىدىن ئۆز
ماكانىڭىزدىن قوغلىنىشنى خالامسىز؟ ئىبېرد-
يە سۇلەيسۇنى دەل مۇشۇ خىل ھالەتتە. ھازىر
ئۇلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان
جاي ئاساسىي جەھەتتىن قالمىدى.







www.uyghurkitap.com



بېلىق ۋە باشقا دېڭىز ـ ئوكيان جانـ
لىقلىرىمۇ خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە. سىز بۇ
خىل بېلىقنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇرنىغا
قاراڭ، ھەم ئۇزۇن، ھەم غەلىتە. ئۇلار سىكاـ
تى بېلىقى دەپ ئاتىلىدۇ، ھەرىكىتى ئىنتاـ
يىن چاققان. بېلىقچىلار بۇ خىل بېلىقنى
قىممەت باھادا ساتالىغاچقا، نۇرغۇن بېلىقـ
چىلىق كېمىلىرى ئوخشاشمىغان دېڭىز راـ
يونىدىن ئۇلارنى تۇتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىـ
كاتى بېلىقى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ
قالدى. ناۋادا ئۇلار بىزنىڭ دېڭىز ـ ئوكياـ
نىمىزدىن يوقىلىپ كەتسە، بىز بۇنىڭدىن
خىجىللىق ھېس قىلمايمىزمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تىنچ ئوكياندا ياشايدىغان تيۈلېنمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن ئەھۋالغا دۇچ كەل-
مەكتە. بۇ ئەڭ ئاخىرقى تيۈلېن بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى ئىسپانىيەنىڭ ئوتتۇرا
دېڭىز قىرغاقلىرىدا ياشايتتى. ئۇنىڭ تۇرقى ئىنتايىن چىرايلىق، كىشىلەر
ئۇنى پىروس دەپ ئاتايدۇ. ھالبۇكى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى كىشىلەر ئۇنىڭ دې-
ڭىزدا ئۈزۈپ ئويناۋاتقانلىقىنى، ساھىلدا ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
باقمىدى. بەزى كىشىلەر ئۇنى بېلىقچىلار تۇتۇپ كەتتى دەپ قارايدۇ.






www.uyghurkitap.com

ناۋادا نۇرغۇن ئالىملار ۋە مۇھىت قوغداش خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، بۇ ھايۋانلار بەلكىم يوقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇلارنى بىر مەزگىل قەپەزدە بېقىپ، ئاندىن تەبىئەتكە قايتۇرۇۋاتىدۇ. ياۋايى ھايۋانلار قەپەزدە ياشاشنى خالىمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ماكانىدا ياشاشنى ياقتۇرىدۇ... ئۇلار ئەركىنلىكنى سۆيىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com






1

## ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە ئويۇن ئوينايلى!

### 1. قەغەز پاقا ياساش

پاقا ھەرىكىتى چاققان ھايۋاندۇر. قېنى كىچىك دوست سىناپ بېقىشنى خالامسىز؟

كۋادرات شەكىللىك يېشىل قەغەزنى تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە قاتلايمىز:



2

### قاتلاش ئۇسۇلى

كۋادرات شەكىللىك قەغەزنى ئوتتۇرىدىن قاتلايمىز.

رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئىككى ياقىنىڭ بۇلۇڭىنى مەركەزگە قاتلايمىز.

بۇ ئىككى نۇقتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يۇقىرىغا قارىتىپ قاتلايمىز. بۇ قەغەز پاقىنىڭ پۇتى بولىدۇ. ئۇنىڭ دۇمبە تەرىپىگە بىرنەچچە چېكىت سىزىپ ئۇنى زىننەتلەيمىز. ئاق رەڭلىك كاردون قەغەزگە قەلەم بىلەن پاقىنىڭ كۆزىنى سىزىمىز. ئاخىرىدا قۇرۇپ قالغان يوپۇرماقنى تېپىپ، قەغەز پاقىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويىمىز.

3



## 2. شەپەرەڭ

گەرچە شەپەرەڭ ئۇچالىسىمۇ، ئۇ قۇش ئائىلىسىگە تەۋە ئەمەس. ئۇ قانىتى بار كىچىك چاشقانغا ئوخشايدۇ. بىز بىرلىكتە قەغەز شەپەرەڭ ياساپ باقايلى!

### ياساش ئۇسۇلى

ئىككى سولياۋ ئىستاكاننىڭ ئاغزىنى بىر - بىرىگە دۈم قىلىپ چاپلايمىز.


سىرتىنى قارا رەڭدە بويايمىز.

ئاق ۋە قارا كاردون قەغەز ئارقىلىق بىر جۈپ كۆز ۋە قۇلاق ياسايمىز.

ئاغزى ۋە ئىككى تال قوزۇق چىشىنى سىزىمىز.

قارا كاردون قەغەزدىن بىر جۈپ قانات قىيىۋالىمىز.

ئەڭ ئاخىرىدا قاناتنى ئىككى ياققا چاپلايمىز.











ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كىچىك ئىشلارنىڭمۇ ئەھمىيىتى زور!

يەر شارىدىكى جانلىقلارغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ تەھدىتنىڭ ئەخلەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ پاسىلداق قۇتا، ئەينەك بوتۇلكا، باتارېيە ۋە سولياۋ قۇتا قاتارلىقلار تەبىئەت ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك نەرسىلەردۇر. پاسىلداق قۇتا ياكى ئەينەك بوتۇلكا دېگەندەك نەرسىلەر قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ناۋادا ئۇلار ئۇقماي پاسىلداق قۇتىنىڭ پارچىسىنى يەۋالسا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ناۋادا كىچىككىنە كەمپۈت يولغا چۈشۈپ قالسا، سۈلەيسۈننى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ھايۋانغا زىيان يېتىشى مۇمكىن.

## نېمىلەرنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك؟

ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تاشلىماسلىقىمىز لازىم. (سولياۋ قۇتا، ئوراش قەغىزى) چۈنكى سىز بۇنداق قىلىشنىڭ قانداق ئىشلارنى پەيدا قىلىشىنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ئەخلەتنى چوقۇم تېگىشلىك جايغا، يەنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىشىڭىز لازىم.





## كىچىك تۇرغاۋۇل ھەرىكەتتە

سىز ئورمانلىقتا ياكى شەھەر ئەتراپىدا ئوينىغىنىڭىزدا، يېنىڭىزغا سولياۋ خالتا ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتماڭ. ناۋادا ئەخلەتنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ئۇنى دەرھال تېرىۋېلىڭ. تەبىئەت سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ. كىچىك ئىشلارمۇ چوڭ ئۇنۇم يارىتالايدۇ!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

**图书在版编目(CIP)数据**

你是我的珍宝：维吾尔文 / (西) 帕劳著；(西) 库尔托绘；高小然汉译；买然木汗·那以甫维译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
（地球环保小卫士丛书）
ISBN 978-7-5469-7708-9

Ⅰ. ①你… Ⅱ. ①帕… ②库… ③高… ④买… Ⅲ. ①漫画 – 连环画 – 西班牙 – 现代 Ⅳ. ①J238.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 263907 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木　　责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：夏依买尔旦·艾尼瓦尔　　责任印制：刘伟煜
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 地球环保小卫士 |
| 书名 | 你是我的珍宝（维吾尔文） |
| 作者 | （西）何塞普·帕劳 |
| 插图 | （西）罗莎 M·库尔托 |
| 译者 | 买然木汗·那以甫 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com） |
| 地址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026） |
| 发行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 制版 | 乌鲁木齐穆拉卡提文化传媒有限公司 |
| 印刷 | 北京新华印刷有限公司 |
| 开本 | 787 mm × 1092 mm　1/12 |
| 印张 | 3 |
| 版次 | 2015 年 11 月第 1 版 |
| 印次 | 2016 年 3 月第 1 次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-5469-7708-9 |
| 定价 | 18.00 元 |

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

بۇ كىتاب مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据中央广播电视大学出版社2014年1月第1版,2014年1月第1次印刷版本翻译出版。

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: شاھمەردان ئەنۋەر
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

مۇھت ئاسرىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر

# سىز مېنىڭ گۆھىرىم

ئاپتورى: خېرسېپ پالاۋ [ئىسپانىيە]
رەسىمىنى سىزغۇچى: روزا كۇرتو [ئىسپانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: مەرىيەمخان نايىپ

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى مۇلاقات مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7708 - 9
**باھاسى:** 18.00 يۈەن

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى ـ شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 978-7-5469-7708-9
9 787546 977089 >
定价：18.00 元